مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان




# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN DOĞU TÜRKİSTAN

يىللىق سىياسى گېزىت

1996

6 - ئاي

14 - سان

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى نەشر قىلدى

## پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىتلارىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، ئۇلۇغ تۈركلۈك مۇجاھىتچىسى، دىپلوماتچىسى ۋە سىياسەتچىسى ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن مەڭگۈ ھايات




روس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئېلىپ بارغان قانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا ئەڭ يېقىن شاھىت ۋە ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر رەھبەر، ئۆز پىتىدە مەيدانغا چىقىپ، خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى نامايەن قىلغان، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىتلارىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، ئۇلۇغ تۈركلۈك مۇجاھىتچىسى، دىپلوماتچىسى ۋە سىياسەتچىسى ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىننىڭ ۋاپاتى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە تۈرك - ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان چوڭ يوقۇتۇش بولدى. ئۇ مىللىتىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاخىرقى نەپەسكىچە كۈرەش قىلىپ، بىزدىن ئايرىلدى.

داۋامى 2 - بەتتە

# پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىتلارنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، ئۇلۇغ تۈركلۈك مۇجاھىتچىسى، دىپلوماتچىسى ۋە سىياسەتچىسى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن مەڭگۈ ھايات

بېشى 1- بەتتە

ۋەتىنىنى دەپ ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئەيسا ئەپەندى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى قولىدىن چۈشۈرمىدى. ئۇ تۈركىيىدە تۇرۇپ ۋەزىيەتنى ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە سىياسىي كۆز قاراش جەھەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىش ئارقىلىق ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتە، ۋەتەن سىرتىدا شەرقىي تۈركىستاننى دۇنياغا تونۇتۇش، خەلقىنىڭ خىتاي ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇجادىلىسىنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىدىكىلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن. بىر نەچچە قېتىم دۇنيا سەپىرى ئېلىپ بېرىپ ئامېرىكا، گېرمانىيە، شىۋىتسارىيە، ئاۋستىرالىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، ھىندونېزىيە، روسىيە ۋە ئاسىيا - ئافرىقا قاتارلىق رايونلاردىكى 50 نەچچە دۆلەت، ھۆكۈمەت، پارلامېنت باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشتى. خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىن سەھنىلىرىدە، ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلات مۇنبىرىدە ئىلمىي دوكلات بەردى ھەمدە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي دوكلات ۋە نۇتۇقلىرىدا دۇنيا خەلقىنى رۇس، خىتاي تەرغىپ قىلغان كوممۇنىزم خەلىكىدىن، بولۇپمۇ كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنيا تىنچلىقىغا كەلتۈرىدىغان خەلىكىدىن ھوشيار بولۇشقا چاقىردى. شەرقىي تۈركىستانغا زالىملىق بىلەن بېسىپ كىرگەن كوممۇنىست خىتاينىڭ فاشىستىك زوراۋانلىقى، مۇستەملىكىچىلىكى ۋە قانخورلۇقىنى چوڭقۇر پاش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بىرلىشىپ مۇستەقىللىق غەلبىمىزنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقانلىقىنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلىدى. تاجاۋۇزچىلار ۋە كوممۇنىستلارغا بولغان ھەققانىي غەزەپ - نەپرەت بىلەن تولغان خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە بىردىنبىر كۆرەش نىشانى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. شەرقىي تۈركىستان قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپلا، ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ياشاپ كەلگەن ئانا يۇرتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار جەمئىيەت قۇرغان، دۆلەت قۇرغان ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان مۇقەددەس ئۇيغۇر تۈرك دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە خىتاي بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقىنى، «(شىنجاڭ) شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دەپ جار سېلىشى كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئەجدادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ تارىخنى بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتىپ ۋەيالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىشتەك دائىم ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان نەيرەڭدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى، تۈرك - ئىسلام دۇنياسى تەشكىلاتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، كوممۇنىست خىتاينىڭ ئۇنۇتتۇرماق ۋە يوق قىلماق تەھلىكىسىدە قالغان مۇقەددەس ئانا ۋەتىنىمىز - شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەلقئارادىكى تارىخىي، سىياسىي ئىجتىمائىي ئورنىنى قوغداپ قالدى. جۈملىدىن ئالدى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئېتىراپ قىلدى. كېيىن ياۋروپادىكى كۆپلىگەن خەلقئارا تەشكىلات ۋە دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان نامى ئەنگە ئېلىندى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا مەخسۇس يىغىنلار ئېچىلدى.



ئەيسا ئەپەندى 1970 - يىللىقى دۇنيا سەپىرىدە ئامېرىكىدا دۆلەت مەجلىسى باشقانى جون مىكورمېك ( سولدا ) بىلەن ۋاشىنگتون ھۆكۈمەت مىنىستىرى جون مىرفىي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.





ئۇلۇغ مۇجاھىت ئەيسا ئەپەندى خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرىشىنىڭ ھەم جاپالىقلىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىكىنى چۈشەنگەن ھەم كۆرەشنىڭ ئىستىقبالىغا ئۈمىد بىلەن قارىغان. ئۇ يەنە كوممۇنىست خىتاينىڭ ھەر خىل ھىيلە - نەيرەڭ، پىتنە - ئىغۋالىرىغا ئالدانماسلىقنى تەكىتلەپ، مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، مىللىي كىملىكىنى قوغداش ۋە ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئاداققىچە كۆرەش قىلىپ، مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىردى. ئەيسا ئەپەندىنىڭ بۇ چاقىرىقى كوممۇنىست خىتاينى، بېيجىڭدا ئىرلىرىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەيسا ئەپەندى بېيجىڭدا ئىرلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان ئۆتكۈر مىخ ۋە «شىنجاڭ» غا بولغان ئاساسىي خەۋپ، بولۇپ قالغانىدى.

داۋامى 3 - بەتتە

# پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىتلارنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، ئۇلۇغ تۈركلۈك مۇجاھىتچىسى، دىپلوماتچىسى ۋە سىياسەتچىسى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن مەڭگۈ ھايات

بېشى 2 - بەتتە




ئەيسا ئەپەندى (ئوتتۇردا) 1968 -
يىلى تۈركىيىدە باشكۆتەرگەن كوممۇ
نىست پەرەزلەرگە قارشى نامايىش ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، ئۇلارغا، بىزگە قاراپ ئىبـ
رەت ئېلىڭ، تۈركىيە ئىككىنچى بىر
شەرقىي تۈركىستان بولمىسۇن دەپ ئا
گاھلاندۇردى.



ئەيسا ئەپەندى ئۆمۈر بويى ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئەڭ
زور ئەجرى سىڭدۈرگەن، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇجاھىتلارنىڭ مەشـ
ھۇر بايراقدارى. ئۇ ۋەتەن داۋاسىنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە ئې
لىپ چىقىشتا، بىر تەرەپتىن كوممۇنىست خىتاينىڭ «قىزغىن قارشى
ئېلىش»، «راھات - پاراغەت»، پۇل، مال - مۈلۈك ۋە ئەمەل -
مەنسەپ بېرىش قاتارلىق ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ئالدانماي، سېتىلـ
ماي ھەققانىي داۋادا چىڭ تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ داۋانى دا-
ۋاملاشتۇرۇش يولىدا زوراۋانلىقتىن، تەھدىتتىن، بېسىمدىن
قورقمىدى. خەلقنىڭ دەرد - ئەلىمىنى، قايغۇ ھەسرىتى، ئارزۇ -
ئۈمىد ۋە غايىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئاخىرقى نەپىسىگىچە ۋەتەنـ
نىڭ خالىغانچە تالان - تاراج قىلىنغان، خورلۇقنى يېتىپ ئاشـ
قىدەك تارتقان ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن قايغۇردى. ئۆزى، ئائىـ
لىسى ئاچ - يالىڭاچ قالغاندىمۇ ئۇنى ئويلىمىدى، پۈتۈن تاپقان -
تەرگىنىنى داۋاغا سەرپ قىلىپ، بىر تىيىن غەزنىدىن توپلىغان ئەمەس.
نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرگەندىمۇ ئىرادىسىدىن يانـ
مىدى، نى - نى قىيىنچىلىقلارغىمۇ باش ئەگمىدى. ۋەتەن، خەلقـ
نىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تىنىمسىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ھاياتىنىڭ
ھۇزۇر - لەززىتىدىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ بەھرىمەن بولالمىدى. ئۇنىڭ
يۈرىكى ۋەتەن، مىللەت دەپ سوقتى، يېشى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن
تۈگىدى.

ئەيسا ئەپەندى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى
مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىنىڭ سېپىدىن ئۆتكەن، غايىلىك
ئىرادىلىك ۋەجاھەتلىك ئۇلۇغ مۇجاھىت. ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىس
تان داۋاسىنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، ۋەتەننىڭ
مىللەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە
نامىنى ساقلاپ قالغانلىقى ئاجايىپ مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىـ
گە ۋەقە ھېساپلىنىدۇ. لېكىن، بىز ئۇنىڭغا لايىق ئىش قىلىشىمىز
كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز مۇقەددەس ۋەتەن تۇپـ
رىقىنى كوممۇنىست خىتاينىڭ قانلىق تاپىنى ئاستىدىن ئازاد قىلىش
دېگەن ئېتىقاد - ئىرادىسىدە باشتىن - ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ، بار-
لىقىمىزنى ۋەتەن، خەلققە بېغىشلاپ، پۇلى بارلار پۇلى بىلەن، مۆ-
زى بارلار سۆزى بىلەن، قەلىمى بارلار قەلىمى بىلەن مۇستەقىللىق
كۈرىشىمىزنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرۇشىمىز لازىم.
ئىزىز ۋەتەنداشلار: ئۇلۇغ مۇجاھىت ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئۆلـ
مىدى. ئۇنىڭ كۈرەشچان روھى، ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئىستىكى بىزنى
كوممۇنىست خىتايغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى ئازاد قىلىش كۈرەشـ
مىزنى داۋاملىق ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ھايات!

مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە :
تۈرك دۇنياسىنىڭ بۈيۈك لىدېرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپ
تېكىننىڭ ۋاپاتىدىن چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە خەۋەر تاپتۇق .
ئۇ پۈتۈن ئۆمۈر بويى شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالى ئۈ-
چۈن مۇجادىلە ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ مۇجاھىت . ئەل-
ۋەتتە ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۇنىڭ ئىزىنى بوي-
لاپ داۋام قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز . پۈتۈن تۈرك دۇ
نياسىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز .
ئەزەربەيجان مەدەنىيەت مەركىزى باشقارمى-
سى
باش كاتىپ : ئەخمەت قاراچا
باشقارما باشلىقى : جەمىل ئۈنەل
1995 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەنقەرە
==============================

## تەزىيە تېلېگراممىسى

ھۆرمەتلىك ئارسلان ئالپتېكىن :
مۇھتەرەم دادىڭىز، بۈيۈك ئىنسان، بۈيۈك مۇجاھىت
ئەزىز دوستۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ قايغۇلۇق ۋاپا-
تى مۇناسىۋىتى بىلەن سىزگە، ئائىلىڭىزگە ۋە ئۇنىڭ
ۋاپاتىدىن قاتتىق قايغۇ - ھەسرەت چېكىۋاتقان خەلقىـ
گە، جامائەتكە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. ئاللاھ ئۇ-
نىڭغا رەھمەت ئەيلىسۇن.
جۇمھۇر باشقانى سۇلايمان دېمىرەل
1995 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەنقەرە
==============================

# تەزىيە تېلېگراممىسى

ھۆرمەتلىك «ئو . ن . ب . ئو» رەئىسى
ئەركىن ئالپ تېكىن :

تارىخىي لىدەر، تۈرك دۇنياسىنىڭ بۈيۈك ئادىمى مۇھتەرەم دادىڭىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت ئەيلىسۇن، قەدىرلىك ئائىلىسىگە ۋە تۈرك دۇنياسىغا تەسەللى بۇيرۇسۇن.

قىبرىس جۇمھۇر باشقانى راۋۇف دەنتاش
1995 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى لەۋكوشا

==========

شەرقىي تۈركىستان دەرنىكى ۋە ئالپ تېكىن ئائىلىسىگە

پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ دايىم يېنىدا بولغان سۆيۈملۈك پىكىر ئادىمى، 20 - ئەسىرنىڭ مۇجاھىتى، ئۇلۇك ئاۋازى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەردىگە دەرمان بولغان، تۈركلۈك ئىشەنچىلىق قەھرىمانى بۈيۈك ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىننىڭ ۋاپاتىدىن چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە خەۋەر تاپتىم، خەلق يولىدا چارچىدىم، ھاردىم بىلمەي ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلغان ھارماس مۇجاھىت.

ئەيسا ئەپەندىگە جانابى ئاللاھ شېھىتلىرىمىز قاتارىدا ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن، روھىغا رەھمەت ئەيلىسۇن، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە ھازا تۇتۇۋاتقان پۈتۈن ئىنسانلارغا جۈملىدىن دوستلىرىغا سەپداشلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىغا تەسەللى تىلەيمەن.

سەپداش دوستۇم، سەن خاتىرجەم بول! شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، سېنىڭ روھىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان ۋە پۈتۈن ئەسىر - قول تۈركلەر ئازادلىققا ئېرىشىدۇ ۋە شۇچاغدا، پۈتۈن تۈرك ئەۋلادلىرى ساڭا «ئەي، ھارماس مۇجاھىت سەن بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات!» دەپ سالام بېرىدۇ.

ئەزەربەيجان رېسپۇبلىكىسى سابىق
باشقانى ئەبۇلفەز ئەلچىبەي
1995 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى
ئوردۇبات - كېلەكى ئەزەربەيجان

==========

بۇنىڭدىن باشقا مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكا، گېرمانىيە، ھوللاندىيە، ئەنگلىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەزەربەيجان، قازاقىستان، پاكىستان، مىسىر، ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاتارىستان، تۈركىيە، قىبرىس قاتارلىق 18 دۆلەتتىن ھۆكۈمەت، جەمئىيەت ۋە شەخسى نامىدىن كەلگەن 107 پارچە تەزىيە تېلگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق.

## ئۇلۇغ ئەيسا ئەپەندىمنىڭ

## قىسقىچە كۈرەش تارىخى

ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن 1901 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق يېڭىسارىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ساۋاتىنى تولۇق چىقىرىپ، كېيىن خىتايچە ئوقۇشنى تالانتلىق بىلەن تاماملىغان. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سىياسىي ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنى ۋەتەن، مىللەتنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا ئاتايدۇ. 1947 - يىلى شەرقىي تۈركىستان بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1949 - يىلى كوممۇنىست خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھىندىستانغا كېلىپ ئىلتىجا قىلىدۇ ۋە 1954 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇجادىلە پائالىيىتىنى تېخىمۇ جانلىق ئېلىپ بارىدۇ:

1) شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتايدا، «تۈركىستان ئاۋازى»، «تەڭرى تاغ»، «ئالتاي» قاتارلىق ئايلىق ژۇرنال ۋە «ئەرك» ناملىق كۈنلۈك گېزىت چىقىرىپ مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە تۈركىيە توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالە، خەۋەرلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنى خىتاي ۋە رۇس كوممۇنىستلىرى «پانتۈركىزم»نى تەرغىب قىلىدى دەپ ئەيىبلىگەن.

2) ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن دۇنيا سەپىرى ئېلىپ بېرىپ 50 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا، «كوممۇنىزم ۋە مۇستەملىكىچىلىك»، «كوممۇنىزم غايىسى ۋە ئۇنىڭ مەقسىدى»، «قىزىل خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمى»، «قىزىل رۇسنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمى»، «خىتاي ۋە رۇس ئىمپېرىيالىزىم قول ئاستىدىكى تۈركىستان» قاتارلىق تېمىلاردا يۈز نەچچە قېتىم دوكلات ۋە نۇتۇق سۆزلىدى.

3) تۈركىيەدە «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن»، «شەرقىي تۈركىستان داۋاسى»، «ئۇنۇتۇلغان شەرقىي تۈركىستان» قاتارلىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىنسانىيەتتىن ياردەم كۈتىدۇ» ناملىق رىسالىنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىندى.

4) مەھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن «تۈركىستان»، «تۈركىستان سەسى» ۋە ئىنگلىزچە «تۈركىستان ئاۋازى» گېزىتلىرىنى تەسىس قىلغان. ئۇيغۇرچە، ئەرەپچە، تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ناملىق مەجمۇئە ۋە «دوغۇ تۈركىستان» ناملىق گېزىت تەسىس قىلغان. كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇرچە «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى»، «شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنى تەسىس قىلغان. ھازىر «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلى ۋە ئۇيغۇرچە ئىككى گېزىت داۋاملىق نەشردىن چىقىۋاتىدۇ.

5) شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر دەرنىكى، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى، شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنى قۇرغان. بۇ جەمئىيەتلەر ئۆز پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرىۋاتىدۇ.

6) تۈركىيەدە ھەر يىلى بىر نەچچە قېتىم چوڭ ۋە كىچىك تىپتىكى نامايىش، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزگەن. نۇرغۇن دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇخبىرلارنى، دىنىي زاتلارنى، سىياسىي ئەربابلارنى ۋە دىپلومات خادىملىرىنى كۈتىۋالغان.

7) ئەينى زاماندا ھىندىستانغا كەلگەن ۋە پاكىستان ھۇدۇدىغا ئۆتكەن شەرقىي تۈركىستانلىق قازاقلارنىڭ ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى دۆلەت ئادەملىرى بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلىپ بەرگەن ۋە قاھىرەدە تۇرۇپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەرز سۇنۇپ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە 300 ئۆيلۈك قازاقنى تۈركىيەگە ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ تۈركىيەگە كۆچۈپ كېلىش يول خىراجىتىنى، ئۆي بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. بۇ پۇلنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تۈركىيەنىڭ دۆلەت غەزىنىسىگە ئاغدۇرغان.

8) ۋەتەندىن چىقىپ قايتىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ۋە تۈركىيەدە قېلىشنى ئارزۇ قىلغان ۋەتەنداشلارغا ئىزچىل تۈردە ئىگە چىقىپ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرغىچە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

مەرھۇم ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئۆمۈر بويى ۋەتەن، مىللەت ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرى بىلەن تۆھپىسىنى يېزىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ كۈرەش تارىخىنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئەلۋەتتە.

# ئەلازىغدا ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە شېھىت كېچىلىكى

**تاھىر ئىلاۋىسى** : مەرھۇم ئەيسا ئەپەندى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بىۋاستە ئايروپىلان بىلەن بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئايروپىلان ھەم ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بىر مەشقا توغرى كېلىدىغان مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي، پەرزەنتلىرىنىڭ توختۇتۇشىغا ئۇنىماي تۈركىيەنىڭ شائىرلار يۇرتى - ئەلازىغقا بارغانىدى. ئۇنىڭ مۇستەقىللىق داۋارىمىزغا پايدىلىق بولغان پۇرسەتنى ھەرقانداق شارائىتتا قولدىن بەرمەيدىغان مىجەزىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيتتى.

ئەيسا ئەپەندى ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاتتىق ھارغىنلىق يېتىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇ ۋەتەن، خەلق دەپ بىر كۈنمۇ دەم ئالمىدى، باشتىن - ئاخىر تىنىمسىز مۇجادىلە ئېلىپ بېرىپ بىزدىن ئايرىلدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنى دىققەتلارغا سۇنىدۇق.

ئۆز خەۋىرىمىز: «راستلىقىنى ئېيتسام، ئاللاھ مېنى يارىتىش بىلەن ئۆز كۆڭلۈمگە ۋەتىنىم، مىللىتىمگە خىزمەت قىلىشنى سالغان ئوخشايدۇ، بۇنىڭغا ئىمانەك ئىشەنىدىم». ھەقىقەتەن شۇنداق! بىر ئەسىرگە يېقىن ھاياتىنى ۋەتەن، مىللىتىنىڭ ئازاتلىقى يولىغا بېغىشلىغان بۈيۈك مۇجاھىت، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدېرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ھېلىمۇ قاتتىق ھاۋۇق يېتىپ، دەرمانسىزلانغانلىقىغا قارىماي 1000 نەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ (1995 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - 25 كۈنلىرى) ئەلازىغتا ئۆتكۈزۈلگەن شېھىت كېچىلىكىگە قاتنىشىپ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئاڭلاتتى. شېھىت كېچىلىكىگە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن بىرگە ئىستانبۇلدىن گېزىتىمىز ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىن، باش مۇھەررىر شاخەلىل بوزقۇرت (كۆك بۆرى) تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

شېھىت كېچىلىكى تەرتىپ ھەيئىتى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئالدى بىلەن فىرات ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى» مۇھاكىمە يىغىنىنى تەرتىپلىدى. يىغىنغا، ئەلازىغ ۋالىيسى مەھمەت جان سەۋەر، فىرات ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى پروفېسسور ئەيۇپ ئىشپىر، ۋە ئەلازىغ ۋىلايەت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ھەمدە شېھىت كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان تۈركىيە ئەدەبىياتى ۋەخپى باشلىقى ئەخمەت كاباقلى، تۈركىيە يازغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مەھمەت دوغان، مۇزەففەر ئۆزتاغ، دوتسېنت دوكتور سالىم چوغچە ۋە تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شائىر، يازغۇچى بىلىم ئادەملىرى قاتناشتى.

يىغىندا، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «تۈركىيەنىڭ شەرقىدە ئەزەربەيجان، ئالمۇتا تۈگۈل شەرقىي تۈركىستان دۇر. تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسى دېمىرەل ئېيتقاندەك، ئادرىياتىك دېڭىزىدىن خىتاي سەددىچىن سېپىلىغا قەدەر بولغان مۇبارەك كەڭ دىيارىدا دىلى، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، پىكىر ھالىتى ھەم ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئوخشاش بولغان، تۈرك دۇنياسىغا مەنسۇپ 250 مىليون تۈرك خەلقى ياشايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى تېخىچە خىتاينىڭ كوممۇنىست زۇلۇمى ۋە پىلانلىق كۆچمەن يۆتكەش سىياسىتىگە دۇچ كېلىپ، ئۆز يۇرتىدا ياتلىق ۋە خارۇزارلىق تارتىۋاتىدۇ. ھازىر مېنىڭ پۈتۈن ئوي - پىكرىم خەلقىمنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدە قالدى. ھېچ بولمىغاندا پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئۇلارغا ئىگە چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

تۈرك ئەدەبىياتى ۋەخپى باشلىقى، يازغۇچى ئەخمەت كاباقلى مۇنداق دېدى: «ئەيسا ئەپەندى تۈرك دۇنياسىنىڭ بىر ئاقلانە ئۆلچىمى. ئۇ بىزنى شەرقىي تۈركىستان ۋە تۈركلۈك توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەر ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بولمىسا، بىز شەرقىي تۈركىستان ۋە باشقا تۈركىستانلىقلار ھەققىدە بىر نەرسە يازالىشىمىز ئاسانغا توختىمايتتى. ئۇ بىزنى غەپلەتتىن ئويغاتتى».

ئۇنىڭدىن كېيىن سۆز چىققان تۈركىيە يازغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مەھمەت دوغان، تارىخچى مۇزەففەر ئۆزتاغ، دوتسېنت دوكتور سالىم چوغچە قاتارلىقلار بىردەك مۇنداق دېدى: «تارىختا، شەرقىي تۈركىستان پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان، ئىنسانىلىق ئالىمىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان مۇھىم تارىخىي بىر مەملىكەت. شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان شەرەپلىك خەلقتۇر. بىز بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خىتاينىڭ كوممۇنىست زۇلۇمى ئاستىدا ئېزىلىشى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشى ۋە يوق قىلىنىشىغا قاراپ تۇرالمايمىز. شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئالدى بىلەن تۈرك دۇنياسى جامائەتچىلىكى جۈملىدىن قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈركمەن قېرىنداشلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىغا ئاڭلىتىشتا بىز ھەقىقىي خىزمەت قىلىشىمىز ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياردەم قىلىشىمىز كېرەك».

يىغىن تەرتىپ بويىچە ئاخىرىدا گېزىتىمىز ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىن «شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي زۇلۇمى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «كوممۇنىست خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق خالىغانچە قېزىپ تالان - تاراج قىلماقتا. خەلقىنى يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىقتا قالدۇرۇپ، بىلىم ئادەملىرىمىزنى، دىن ئادەملىرىمىزنى ۋە مىللىي غورور جەھەتتە يېتىشكەن ياشلىرىمىزنى تۈرمىلەرگە تاشلاپ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلدى، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، يۈزمىڭلارچە ئۇيغۇر ئانىلار بىلەن بوۋاقلارنى ئوكۇل بىلەن ئۆلتۈردى. لوپنۇر رايونىدا توختىماي ئاتوم پارتلىتىپ، ئۇيغۇردىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان دەھشەتلىك پاجىئەلەر پەيدا قىلدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كوممۇنىست خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئېزىش ۋە زۇلۇم سېلىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوق قىلىشقا تىرىشماقتا. شەرقىي تۈركىستان خەلقى تۈرك ئىسلام ئالىمى ۋە پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىق ئالىمىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا مۇھتاجتۇر. بوسنىيەدىكى ۋەھشىي قىرغىنچىلىق ئوخشىمىغان شەكىلدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتىدۇ...». ئارسلان ئالپتېكىن شەرقىي تۈركىستاننى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تۈرك خەلقىنىڭ كوممۇنىست دىكتاتورلۇقى ئاستىدا دەھشەتلىك ئېزىلىۋاتقانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزى پۈتۈن يىغىن زالدىكىلەرنىڭ قاتتىق دىققىتىنى جەلپ قىلدى ھەمدە ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى.



9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەلازىغ شەھىرىگە قاراشلىق سىۋرىچى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن سىۋرىچىنىڭ مەركەز كوچىسىغا ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن نامى بېرىش قارارىنى سىۋرىچى ھۆكۈمەت باشلىقى ئېلان قىلدى.

# چەكسىز قايغۇلۇق ۋىدالىشىش

بېشى ٤ - بەتتە

نەچچەمىڭ ئادەمنىڭ چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت، پىغان ئىلىق يىغا ئاۋازى جىنازا نامىزى مەيدانىدىن تاكى مەرھۇمنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنىپ ئەلەدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئاڭلىنىپ تۇردى.

جىنازا نامىزى مەرھۇمنىڭ ئۇلۇغ تۈرك - ئىسلام دۇنياسىنىڭ جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۇلۇغ دۆلەت رەھبىرىگە لايىق شەكىلدە ئۆتكۈزۈلدى.

جىنازا نامىزىغا قاتناشقانلار ئىچىدە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى رەئىسى ئالپ ئارسلان تۈركەش، يېڭىدىن تۇغۇلغان پارتىيىسى رەئىسى ھەسەن جالالگۈزەل، مىللەت پارتىيىسى رەئىسى ئايقۇت ئەدىبالى، ئىستانبۇل ۋىلايەت ۋالىسى رىدۋان يېنىشان، ئىستانبۇل شەھەر باشلىقى رەجەپ تايىپ ئەردوغان ۋە ھەر قايسى رايون ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، پارتىيە تەشكىلاتچىلىرى، رادىئو - گېزىت مۇخبىرلىرى، يازغۇچىلار، سەنئەتچىلەر بار. تۈركىيەدىن سىرتتىن مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا كەلگەنلەردىن: ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىگە ۋاكالىتەن ئۆمەر قانات، ئەنۋەرجان، تۈرگۈن ئىسكىلوت، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن گوللاندىيەدىن كەلگەن قىرىم تۈركلىرى تەشكىلاتچىسى مەمەت تۈتۈنچى، ئافغانىستان تۈركلىرى تەشكىلاتچىسى دوكتور مۇرات ئەرگۈن ۋە ئىراق، قىرىم، باتى تراكىيە، قىبرىس، ئىران تۈركلىرى تەشكىلاتچىسى ھەمدە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن كەلگەن ئۇ قوشۇلۇق ئەربابلار بار. تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، يېزا كەنتلىرىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان شەرقىي تۈركىستانلىق قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق ھەمشەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن قاتناشتى.

جىنازا نامىزىدىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ جەسىتى فەۋزى پاشا كوچىسى، ئاقدېڭىز كوچىسى، ۋەتەن كوچىسى بىلەن مەرھۇم جۇمھۇر باشقانى تۈرگۈت ئۆزەل زاراتگاھلىقىنىڭ يېنىدىكى توپقاپى زاراتگاھلىقىغا ئېلىپ مېڭىلدى. يول بويى نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم قىزىل خىتاي زوراۋانلىقىغا قارشى شوئار ۋە تەكبىر توۋلاپ ماڭدى. جەسەت تۈركىيە ۋاقتى سائەت 13.30 دا دەپنە قىلىندى ۋە دۇئا ئوقۇلدى.

شۇ كۈنى تۈركىيە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى جىنازا نامىزىنى نەق مەيداندىن باشتىن - ئاخىر «ت.ر.ت» قانالىدا كۆرسىتىپ تۇردى. تۈركىيە گېزىتى، زامان گېزىتى، ئوتتۇرا شەرق گېزىتى، مىللىيەت گېزىتى، مىللىي گېزىتى، ئاقىت گېزىتى ساباھ گېزىتى ئەيسا ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر ۋە ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ھەققىدىكى ماقالە، شېئىر، داستانلارنى بېرىشنى داۋام قىلماقتا.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى زەيتۇن بۇرنۇدىكى ئىناچ ۋەخپىنىڭ زالىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى، شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر دەرنىكى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ 7 نەزىرىسى ئۆتكۈزۈلدى. نەزىرگە ئىستانبۇل شەھەر باشلىقى رەجەپ تايىپ ئەردوغان، زەيتۇن بۇرنۇ ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، رافاخ پارتىيىسى ۋەكىللىرى ۋە قازاقىستان ئۇيغۇر خەلقىگە ۋاكالىتەن يازغۇچى دولقۇن ياسىن، لوپنۇر ئاتوم بومبىسىغا قارشى ھەرىكەت تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ھۆرىقىز ئىسلىمىۋا، ئالمۇتا ئۇيغۇر ئاياللار بىرلەشمىسى رەئىسى ئەقتىبرەم ئەخمەتوۋا قاتناشتى. ئاخىردا ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئوغلى ئەركىن ئالپ تېكىن قىسقىچە سۆز قىلىپ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرىغا ۋاكالىتەن مۇستەقىللىق داۋارىمىزنىڭ ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پۈتۈن تۈرك - ئىسلام دۇنياسىنى قاتتىق قايغۇغا سالغان ۋە ئۇنىڭ يولىدا مېڭىشقا قەتئىي ئىرادە باغلىغان مىليونلىغان مۇجاھىتلارنىڭ مەرھۇم ئەيسا ئەپەندىگە بولغان ھۆرمىتىنى كۆرگەن تۈركىيەدىكى خىتاي ئەلچىلىرى جۈملىدىن بېيجىڭدا ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئالاقزادە قىلماقتا. خىتاينىڭ خۇشاللىقى قاتتىق قايغۇغا ئايلاندى.




گېزىت باشلىقى: ئارسلان ئالپ تېكىن
باش مۇھەررىر: شاخەلىل بوزقۇرت
گېزىتنىڭ تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى ئادرېسى:

Gazete Sahibi
ARSLAN ALPTEKİN
Genel Yayın Koordinatörü
ŞAHHALİL BOZKURT
Gazete Adresi:

Ataköy 4. Kısım T.O. Blok No. 89/5
İSTANBUL - TURKEY　　Tel. : (0212) 559 83 21

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە، تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

Yayınlanan yazıların sorumluluğu yazarlarına aittir. Gönderilen yazılar yayınlansın veya yayınlanmasın iade edilmez. İsim zikredilmeden iktibas edilemez

# چەكسىز قايغۇلۇق ۋىدالىشىش



ئۇلۇغ تۈركلۈك، ئۇلۇغ مۇسۇلمانلىق، ئۇلۇغ ئىنسانلىق ئالىمى ئۈچۈن بىر ئەسىرگە يېقىن خىزمەت قىلغان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، جاما ئەت ئەرباپى ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن ١٩٩٥ - يىل ١٢ - ئاينىڭ ١٧ - كۈنى ( يەكشەنبە ) سائەت 21 دىن ٥٥ مىنۇت ئۆتكەندە ئىستانبۇلدىكى ئۆيىدە ياشانغانلىق ۋە كېسەل سەۋەبى بىلەن ٩٤ يېشىدا ۋاپات بولدى. مەرھۇمنىڭ جىنازە نامىزى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى سۇلايمان دەمىرەلنىڭ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مىليونلىغان تۈرك - ئىسلام جامائەتچىلىكىنىڭ چەكسىز قايغۇسى ئىچىدە ١٢ - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى تارىخىي فاتىخ جامەسىدە، تۈركىيە دىنىي ئىشلار مۇدىرى مەھمەت نۇرى يىلماز تەرىپىدىن چۈشۈرۈلدى. ئۇ نامازدىن كېيىن مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ بۈيۈك شەپقەتچىسىدىن ئايرىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭ مۇجادىلە مۇئىسىنى پات يېقىندا خەلقىگە كۆرسىتىدۇ، ئاللاھ نېسىپ بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ. شەرقىي تۈركىستان ئەۋلادلىرىغا - ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز خەلقىگە بىرلىك ئاتا قىلسۇن، ئامىن!».

## ۋەتەنداشلار دىققىتىگە

شەرقىي تۈركىستان گېزىتىنىڭ قولىڭىزدىكى 14 - سانى بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇن كېچىكىپ چىقتى. بۇ خۇسۇستا ئەپۇ قىلىشىڭىزلارنى سورايمىز. شۇنداق قىلا مادىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، گېزىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى سانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا قولىڭىزغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ئارسلان ئالپتېكىن
شەرقىي تۈركىستان گېزىتى ساھىبى
1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

مەڭگۈ ياد ئېتىمىز»، «ئىستىقلال بايرىقىنى ئاخىرغىچە ئېگىز كۆتۈرەيلى»، «شەرقىي تۈركىستان چوقۇم ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ»، «مۇجاھىت ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى»، «ئۈچ ئەپەندىلەر - مەسئۇد سابىرى، مەھمەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن مەڭگۈ ھايات»، دەپ يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتەرگەن مۇجاھىتلار، ئوقۇغۇچىلار، ئاياللار، باللار بىلەن تولغانىدى.

داۋامى 7 - بەتتە







ھۆكۈنى فاتىخ جامەسىنىڭ مەيدانى، كوچىلىرى مەيدىسىگە ئەيسا ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بايرىقى بىلەن، تۈركىيە بايرىقى گۈللىرىدا چۈشكەن رەڭلىك رەسىمىنى تاقىغان تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى سالەردىن كەلگەن جامائەت ئەرباپلىرى، مىللىي توپلار بىلەن مىللىي كىيىم كىيگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ياشلار، دىنىي مويسىپىتلەر، ۋەت - ۋەت تىزىلىپ دىلىبىرىمىز ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىننى